


# لوندون قەشقەر كوچىسى

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن

بۇ ماقالە 2008- يىلى 10- يانۋار ب ب س ئۆزبېك بۆلۈمىنىڭ تور بېتىدە ئۇيغۇر يېزىقىدا ئېلان قىلىنغان.

www.azizisa.org

ئەگەردە سىز كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۈيۈك برىتانىيىنىڭ لوندون شەھىرىگە كېلىپ زىيارەتتە بولغىنىڭىزدا، لوندون كوچا خەرىتىسىگە قاراپ «ك» ھەرپىدىن كوچا ئىسمىنى ئىزدىسىڭىز سىزگە ۋە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇش بولغان بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ ئىسمى «قەشقەر كوچىسى» (Kashgar Road) كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ ۋە سىزنى ھەيرانلىقتا قالدۇرىدۇ.

ۋەھالەنكى ئاسىيانىڭ مەركىزىدىن ئورۇن ئالغان، ئەمما بۈگۈنكى كۈندە غەربكە ناھايىتى ئاز تونۇلغان بۇ قەشقەر قەدىمىي شەھىرى 11-ئەسىرلەردە ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي، مەدەنىي مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان. «قەشقەر» سۆزىنىڭ ئۇيغۇر تۈركىي تىلىدىكى مەنىسى «دەريا قىشى ياكى قاش» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، قەشقەر شەھىرى زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئىككى قېشىغا جايلاشقان.

لوندوندىكى قەشقەر كوچىسى بولسا بۈيۈك برىتانىيىنىڭ پايتەختى لوندون شەھەرنىڭ شەرقىگە، Thames دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى Woolwhich سانائەت رايونىنىڭ مەركىزى بولغان Plumstead بۆلىگىگە جايلاشقان. بۇ يەر بۈيۈك برىتانىيە پادىشاھلىقى تەرىپىدىن 1805 يىلى بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىۋاتقان ھەربىي سانائىتى ئۈچۈن ئورۇن تەييارلاش مەقسىتىدە «پادىشاھلىق توپ-زەمبىرەك ھەربىي ئەشيا ئىسكىلاتى» (The Royal Arsenal) قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

بۇرۇن غەرب ئۈچۈن تامامەن ناتونۇش بولغان قەشقەر ھەققىدىكى خەۋەرلەر پەقەت 1860 ۋە 1870- يىللىرىدىلا بۈيۈك برىتانىيە مەتبۇئاتلىرىدا بىرلىشكە باشلايدۇ بولۇپمۇ بۈيۈك برىتانىيە ۋە رۇسىيىدىن ئىبارەت ئىككى ئىمپېرال كۈچنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆز تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن رىقابەتكە چۈشكەن «كاتتا ئويۇن» ئۇرۇشىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. قەشقەر ئىسمىنىڭ غەرب مەتبۇئاتلىرىدا تۇنجى تىلغا ئېلىنىشى ئاساسەن شۇ ئۆلكىدە يۈز بەرگەن يەرلىك ۋەقەلەرگە باغلانغان بولۇپ يەنى 1860- يىللىرىدىكى مانجۇ چىڭ ئىمپېرىيىسىگە قارشى چوڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ باشلانغان ھەم قوقەند قوماندانى ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەرىيەگە ھۆكۈمدار بولغان بىر ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ.

1865- يىلى ياقۇپ بەگ قوقەندتىن قەشقەرگە كېلىدۇ. 1867- يىلى قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالىدۇ.



*ھېيتكاھ جامەسى قەشقەرنىڭ سىموۋلىغا ئايلانغان.*

بۈيۈك برىتانىيە 1866- يىلى ئەڭ دەسلەپىدە ھىندىستانلىق ئارمىيە ئەمەلدارى مىرزا شۇجانى مەخپى ھالدا قەشقەرگە ۋەزىيەتنى ئىگىلەشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولسا بۇ ناتونۇش بولغان رايوننىڭ ئىشەنچلىك خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىش ۋە قەشقەردىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۈزىتىپ بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيەسىگە مەلۇم قىلىش بولغان.

1868- يىلى تۇنجى قېتىم برىتانىيىلىك سودىگەر Robert Shaw ھىندىستاندىن چاي ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ بىر سودا كارۋىنىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىدۇ. بۇنىڭدىن ئانچە ئۇزاق ئوتمەي يەنە بۈيۈك برىتانىيە ئىمپەرىيىسىنىڭ ھۆكۈمەت ۋەكىلى George Hayward لاداخ ئارقىلىق تاغلارنى كېسىپ ئۆتۈپ قەشقەرگە كېلىدۇ. ھەر ئىككى برىتانىيىلىك قەشقەردە ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن بىر قانچە ئايلار كۈتۈۋېلىنىدۇ ۋە ئاخىرىدا ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيەسىگە بولغان دوستلۇق ئىستەكلىرىنى ئىپادە

قىلىپ ئۇلارنى يولغا سالىدۇ. بۇ كىشىلەر ھىندىستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «ئىمپېرىيىنىڭ قەھرىمان ئوغلانلىرى» شەرىپى بىلەن كاتتا مۇكاپاتلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر ھەققىدە برىتانىيە مەتبۇئاتىدا «ئەڭ ئاخىرقى بايقالغان خەتەرلىك ۋە سىرلىق بىر رايون» دەپ خەۋەرلەر بېرىشكە باشلايدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا بۈيۈك برىتانىيە يەنە ياقۇپ بەگنىڭ رۇسىيە بىلەنمۇ سۆزلىشۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ، رۇسىيە 1871- يىلى ئىلى دەريا ۋادىلىرىنىڭ شىمالىنى ئۆز ئىشغالىيىتىگە ئالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىنى تىزدىن شەرق ۋە شىمالغا كېڭەيتىپ قۇمۇل ۋە بۇگۈنكى ئۈرۈمچىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالىدۇ.

1873-يىلى بۈيۈك برتانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ھىندىستاندىكى باش ۋالىسى لورد مايو 350 ئادەمدىن ئادەمدىن تەركىپ تاپقان دوگلاس فورسايىس رەھبەرلىكىدىكى بىر دىپلوماتىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ.

بۇ ۋەكىللەر ئاتلىق ئەسكەرلەر، تەرجىمانلار، ھۆكۈمەت ئىش بەجىرگۈچىللىرى، يولباشلىغۇچىلار ۋە مۇلازىمەتچى خادىملاردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. بۇ قېتىمقى زور كۆلەملىك دىپلوماتىك زىيارەتتىن كېيىن بۈيۈك برىتانىيە ئىمپېرىيىسى ياقۇپ بەگ ھۆكۈمىتىنى رەسمىي يوسۇندا ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. ۋە بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇلىنىپ، بۈيۈك برىتانىيە ھۆكۈمىتى مانجۇ چىڭ ۋە ياقۇپ بەگ ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن برىتانىيە ھىندىستانى، رۇسىيە ۋە خىتاي دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا بىتەرەپ بولغان بىر مۇستەقىل دۆلەتنىڭ قورۇلۇش ئىمكانىيەتلىرى ھەققىدە سۆلھى باشلايدۇ.




*بۈيۈك* برىتانىيە ئىمپەرىيىسى قەشقەرىيە ئەمرى ياقۇپ بەگ ھۆكۈمىتىنى رەسمىي يوسۇندا ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ.

ئەمما بۈيۈك برىتانىيىنىڭ ياقۇپ بەگ ھاكىمىيىتىگە بولغان قىزىقىشى ئۇزاققا بارمايدۇ چۈنكى لوندون قەشقەر بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن باشلاپ سانت- پېتېرسبۇرگ نى قەشقەرىيەنى ئوتتۇرىدىكى بىر مۇستەقىل بىتەرەپ دۆلەت

دەپ ئېتىراپ قىلىشى ھەققىدە بىر قانچە قېتىملاپ دىپلوماتىك سۆھبەتلەر ئېلىپ بارغان بولىسىمۇ رۇسىيە ئىمپەرىيىسىنىڭ تۈركىستاندىكى مەنپەئەتى سەۋەبىدىن رەت قىلىنىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ۋاقىتتا خىتاي مانجۇ چىڭ ھۆكۇمىتى خىتاي ئىچكى ئۆلكىلىرىدە يۈز بەرگەن تەيپىڭ قوزغىلىڭىنى غەلىبىلىك باستۇرۇپ قەشقەرىيەرنى قايتا ئىشغال قىلىش ئۈچۈن جىددىي ھەربىي يۈرۈش تەييارلىقى قىلىۋاتاتتى.

مانا بۇ مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە «كاتتا ئويۇن» ئىشتىراكچىلىرى ئارىسىدا قەشقەرىيەگە بىرقەدەر ئادىللىلاراق مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەن بۈيۈك برىتانىيە ئىمپەرىيىسى ئۆز مەنپەئەتلىرىگە پايدىسىز بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىدۇ. 1876- يىلى مانجۇ چىڭ ھۆكۈمىتى خىتاي گېنىرالى زو زۇڭتاڭنى 200،000 كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن بىلەن 40،000 كىشىلىك ئەسكىرى بولغان ياقۇبەگنى يوقتۇپ، قەشقەرىيەنى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتىشى بىلەن تەڭلا بۈيۈك برىتانىيە ئىمپىرىيىسى ئەگەر خىتاي چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ رايوننى قايتىدىن ئۆز ھۆكۇمرانلىقى ئاستىغا ئالسا رۇسىيىگە قارشى كۈچلۈك بىر قالقان بولالايدىغانلىقنى جەزىم قىلىدۇ ۋە ياقۇپ بەگنى قوللاشتىن تامامەن ۋاز كېچىپ، ئەكسىچە قارشىسىغا سىياسەت قوللۇنۇپ زو زۇڭتاڭغا خوڭكوڭ – شاڭخەي بانكىسى ئارقىلىق قورال ۋە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدۇ.

روسسىيە سودىگەرلىرىمۇ پۇرسەتنى غەنىمەت تۇتۇپ زو زۇڭتاڭ ئەسكەرلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىللەيدۇ. گەرچە زو زۇڭتاڭنىڭ قەشقەرگە ئېلىپ بارغان ھەربىي ئىستىلاسى ئاستا ۋە ئىقتىسادى چىقىمى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ ئەمما مۇۋاپىقىيەتلىك بولىدۇ. زو زۇڭتاڭ ئۈرۈمچىنى 1876- يىلى 8- ئايدا ئىشغال قىلىدۇ ۋە زور كولەمدىكى قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدۇ. ياقۇپ بەگ 1877- يىلى 5-ئاينىڭ 28- كۈنى كورلىدا ۋاپات بولىدۇ ۋە شۇ يىلى 12- ئايدا قەشقەر خىتاي مانجۇ چىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىغا چۈشىدۇ. زو زۇڭتاڭ 1878- يىلى 1- ئايدا قەشقەرنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى قەدىمي شەھەر خوتەننى ئىشغال قىلىپ قەشقەرىيەگە ئېلىپ بارغان ھەربىي ئىستىلاسىنى تاماملايدۇ.


**1881- يىلى رۇسىيە ئىلى ۋادىسىنى خىتاي مانجۇ چىڭ ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. خىتاي مانجۇ چىڭ ھوكۇمىتى 1884- يىلى قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ «شىنجاڭ» (يېڭى زېمىن، يېڭى چېگرا) دەپ نام بېرىدۇ ۋە رەسمىي شەكىلدە خىتاي مانجۇ چىڭ ئىمپىرىيىسىنىڭ بىر ئۆلكىسى قىلىپ بېكىتىدۇ. يەنە شۇنىڭغا قارىماي بۈيۈك بىرىتانىيە ۋە رۇسىيە ئىمپىرىيىلىرى قەشقەرىيەدە ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كۆرسىتىشنى يىللارچە داۋام قىلدۇرىدۇ.**

كېيىنكى يىللاردا بىرىتانىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ قەشقەرىيەدە ئېلىپ بارغان ئىش ئىزلىرى تەسۋىرلىنىپ يېزىلغان ئاجايىباتلاردىن بىرىتانىيە خەلقى يىللارچە ھۇزۇر ئالىدۇ بىراق ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستاندا ئۈچ ئىمپېرىيە ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ناھايىتى شەپقەتسىز، مۇرەككەپ سىياسىي «كاتتا ئويۇن» نىڭ قۇربانى بولغان قەشقەرىيەنى ياد ئېتىش ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئابىدە قىلىپ قويۇلغان لوندوندىكى قەشقەر كوچىسى شۇ تارىخنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە بۈگۈنگىچە ئۈن- تىنسىز ساقلىنىپ كېلىدۇ.




لوندون قەشقەر كوچىسى Thames دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى Plumstead  بولىگىگە جايلاشقان.






مەنبە:

BBC Uzbek

https://www.bbc.com/uzbek/news/story/2008/01/080110_qeshqer_ar

ئەلکۆن توری:

لوندون قەشقەر کوچسی

https://www.azizisa.org/london_qeshqer_kochisi

The story behind London's Kashgar Road

https://www.azizisa.org/en/london-kashgar-road